# لوۋنىڭ ھەققىدە ھىكايە



مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىن

جاڭ تيەيى

# لوۋنيڭ ھەققىدە ھكايە

مىللەتلەر نەشرياتى
بېيجىن — 1956

## قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ كىتاپ 3 ھېكايىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاۋتور كىچىك دوستلارنىڭ كۈندۈلۈك تۇرمۇشتا ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىش، ئامدان ئوقۇماسلىق، شەخسى مەنپەتنى ئەلا بىلىش، كىچىك گۇرۇھلارنىڭ شەرىپى ئۈچۈن كۈرەشىش، باشقىلاردىن قىزغىنىش، باشقىلارغا ياردەم بەرمەسلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كاەچىلىقلىرىنى ناھايىتى جانلىق ھەم رىئال قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ؛ شۇنىڭدەك، كاەچىلىق ئۆتكەزگەن كىچىك دوستلارنىڭ پىونىرلار ئوترىدى تەربىيىسى بىلەن ئۆز كاەچىلىقلىرىنى تولۇق تۈزۈتۈپ، يېڭى جۇڭگونىڭ ئامدان پەرزەندىلىرىگە ئايلانغانلىغىنى كۆرسۈتۈپ بېرىدۇ.

---

بۇ كىتاپ جۇڭگو ياشلىرى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1952 - ژىلى ئىيۇلدا نەشر قىلىنغان 1 - نەشرى 2 - باسمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

本書根據中國青年出版社1952年7月第一版第二次印刷本譯出

## مۇندەرىجە


كىنوغا كىتىۋېتىپ ....... .................... 5

لوۋسىنىڭ ھەققىدە ھىكايە........................... 17

ئۇلار ۋە بىزلەر .............................. 37

# كېنوغا كېتىۋېتىپ

شياۋخۇڭ رەڭلىك كىنو فىلمى – «كىچىك باغۋەن» نى كورۇش ئۈچۈن تراموايغا ئولتۇردى.

بۇ ژىل مارتتا قويغان بۇ فىلمنى ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى كورگەن ئىدى. لېكىن شۇچاغلاردا شياۋخۇڭ ژۇقۇملۇق زۇكام بىلەن ئاغرىغانلىقى ئۈچۈن ئانىسى ئۇنى كىنوغا ئېۋەتمەي قويغان ئىدى.

ساۋاقداشلار ھېمىشە «كىچىك باغۋەن» توغرىسىدا ھېكايە قىلىشاتتى، بۇنى ئاڭلىغان شياۋخۇڭ ئوز كوزى بىلەن كورۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما بۇ فىلمنىڭ قاياقىقدۇر ئېلىپ كېتىلگەنلىكى ئۇنى بەكمۇ ئىنتىزار قىلاتتى.

بىر كۈنى – شەنبە كۈنى، يەنى تونوگۈن گېزىتتە بىر دىنلا: «كىچىك باغۋەن» يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەن سائەت 9 دا قويۇلۇدۇ، دىگەن ئېلان چىقىپ قالدى.

شياۋخۇڭ ئەمدى ئارزۇسىغا يەتتى: بۇ نۆۋەت ئۇنىڭ ئانىسى كىنوغا بېرىشقا رۇخسەت قىلدى.

شياۋخۇڭ ئالدىرىغانلىقتىن يۈزى قىزارغان، تەرلەپ –

پشقان هالدا دېرزه تېشغا قاراپ ئوره تۇراتتى.

رەستلەر ناهايتى قىزىغان. ترامۋاي قوڭغۇرىغىنى سو-
قۇپ، ئالدىرىماي ـ شاشماي بىر خىل ماڭماقتا.

—پوش، پوش.

«يەنە 3 ستانسە قالدى......» شياۋخۇڭ ئۆز ئىچىدە هې-
ساپلايتتى.

ئوتتۇرا ياشلىق ئايالـلاردىن بىرى شياۋخۇڭنى ئۆزىنىڭ
يېنىدا بوشىغان بىر ئورۇنغا تارتتى. شياۋخۇڭ هېلىقى ئايالغا
قاراپ، كۈلۈپ قويۇپ، ناهايتى مۇلايىملىق بىلەن بوش ئو-
رۇنغا ئولتاردى ـ دە، ئورۇندا خۇرۇم تاشلىق بىر دەپتەرگە
كوزى چۈشتى. ئۇنىڭ دادىسىنىڭمۇ شۇنداق بىر دەپتىرى
بار ئىدى، لېكىن بۇ دەپتەر جىگەر رەڭ ئەمەس، ساغۇچ
رەڭدە ئىدى.

— ئاچا، بۇ سىزنىڭ دەپتىرىڭىزمۇ؟ ـ دەپ سورىدى شياۋخۇڭ.

— ياق.

شياۋخۇڭ دەپتەرنى كۆتۈرۈپ ۋاقىرىدى:

— كىمنىڭ؟ بۇ كىمنىڭ دەپتىرى؟

ئىگىسى چىقمىدى.

—هېلىقى يولداشنىڭ بولسا كېرەك. ئۇ هېلىراقتا ترام-
ۋايدىن چۈشۈپ كەتتى ـ دېدى بىر بوۋاي.

شۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە كىشى دېرىزىدىن تاشقىرىغا قا-

راپ ۋاقىرىدى:

— ھەي يولداش، نەرسەڭىز چۈشۈپ قاپتۇ!...... ھەي يولداش!......

شياۋخۇگمۇ ھېلىقى دەپتەرنى دېرىزىدىن تاشقىرىغا چىقىرىپ ۋولاڭلاتتى:

— تاغا، تاغا!......

ئۇنىڭ «تاغا» دەپ قىچقىرغان كىشىسى بىرقارا پاپكىنى قولتۇغىغا قىسترغان ھالدا پىيادە كىشىلەر ماڭىدىغان يولغا چىقىپ، خۇددى بىر نەرسىنى ئويلىغاندەك، بىرئاز توختۇۋېلىپ، يەنە شەرق تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى.

بىلەت ساتقۇچى تىرامۋاي ئىشىگىنى تاقىغىلى تۇراتتى، شياۋخۇڭ:

— مەن ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرەي!— دەپ تىرامۋايدىن ئەپچىللىك بىلەن سەكرەپ چۈشتى.

تىرامۋاي ژۇرۇپ كەتتى. تىرامۋايدا بىرقانچە كوزلەر شياۋخۇڭغا دىققەت بىلەن قاراپ ئوتۇپ كەتتى.

شياۋخۇڭ دەپتەرنى كوتۇرۇپ، كوچىنىڭ چېتىدە بوينىنى سوزۇپ ئەتراپقا كوز سالدى. كىسىن پىيادە كىشىلەر ماڭىدىغان يولدا كېتىۋېتىپمۇ بوينىنى سوزۇپ ئۇيان- بۇيان كوز ژۇگۇرتتى. لېكىن ھېلىقى كىشىنى ئۇچراتالمىدى. شەرق تەرەپكە يەنە بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ، يەنە بوينىنى سوزۇپ قارى—

دى. يۇنىڭدىنمۇ ئىزدىگەن كىشىسىنى كوزگە چېلىقتۇرالمىدى.

«ئىشىم يەنە خام بولۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ!» دەپ، مې-ڭىشقا ئەمدىلا تەرەددۇتلىنىپ تۇرغاندا، يەنە ئىككى خىيال بولۇپ قالدى.



دەرۋەقە ئۇ ئالدىرىـ ماي ـ تەنتـ رىمەي ئەتـ راپقا ئامدان كوز سالغانـ دا، ئۇدۇلدىكى كوچىدا قولتۇغىغا قارا پاپكا قىستىرغان بىر كىشىنىڭ جەنۇپقا قاراپ بۇرۇلۇپ كېتىۋاتقىنىنى كور-گەن بولاتتى.

قاراشتا، ئۇكىشى دەپتەرچۇشۇرۇپ قويغاندەك ئەمەس. ئۇ ئادەم «تاغا! نەرسىڭىز چۈشۈپ قالدى!» دەپ كەينىدىن قوغ-لاپ كېلىۋاتقان قىزىل گالستوك بىر قىزنى كوردى ـ دە، ھەيران بولغان ھالدا توختىدى.

شياۋخۇڭ قولىنى ئارقىسىغا قىلىۋېلىپ، زور بىلەن دىمىنى بېسىپ سورىدى:

— ھازىر ترامۋايدىن چۈشتىڭىزمۇ؟ يېنىڭىزنى ئاختۇرۇپ بېقىڭ، بىرەر نەرسىڭىز چۈشۈپ قاپتىمۇ؟

هېلىقى كىشى ئۆز يېنىنى ئاختۇرغاندىن كېيىن، ئۇيان-بۇيان قاراپ كوزىنى چىمىرلىتىپ، خۇددى تېپىشماق تېپىۋاتقان كىشىدەك ئويلۇنۇپ قالدى. كېيىن خۇددى «شەرتىمنى بەردىم، سىز تېپىپ بېرىڭ» دېمەكچى بولغاندەك، شياۋخوڭغا قارىدى.

— دەپتەر يوقاتتىڭىزمۇ؟

— دەپتەر؟ — ئۇ سول قولىدىكى پاكىنى ئوڭ قولىغا ئېلىپ، سول يانچۇغىنى ئاختۇردى. — هە، بار ئىكەن. يوقاتماپتىمەن، مانا.

— يەنە بىر دەپتىرىڭىز بولسا كېرەك.

— ياق، بىرلا دەپتىرىم بار.

شياۋخوڭ ئالدىراپ كەتتى ۋە:

— دېمەك، بۇ دەپتەر باشقا كىشىنىڭ ئىكەن! — دەپ دەرهال كەينىگە بۇرۇلۇپ يولغا ماڭدى.



— هەي، قىزچاق! — هېلىقى ئادەم بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ، تۇيۇقسىزلا شياۋخوڭنى قىچقاردى، — مەن سىزگە «رەخمەت» ئەيتىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، سىز تېپىۋالغان نەرسە مېنىڭكى بولمىسىمۇ، سىزگە رەخمەت ئېيتىشىم كېرەك ئىدى.

★ ★ ★

شياۋخۇڭ ژۇگۇرۇپ ماگدى. لېكىن نەگە بېرىشىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

مانا، بالىلىقنىڭ دەل ئۆزى!

ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ھەرقانداق ئىش قىلسا ھولۇقۇپ كېتەتتى، شياۋخۇڭنىڭ بۇنداق مىجەزى توغرىسىدا ئۇنىڭ مۇئەللىمى ئانىسى بىلەن بىرنەچچە قېتىم پاراڭلاشقان ئىدى. ھازىرچۇ، ھازىر شياۋخۇڭ يازلىق تەتىلنى تۈگۈتۈپ، 5- سىنىپقا كۆچتى. دېمەك، ئۇ ھازىر ژۇقۇرى سىنىپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدى، يەنى چوڭ ئادەم بولۇپ قالدى دېيىشكە ئانچە توغرى كەلمىسىمۇ، لېكىن ھېچبولمىغاندا چوڭ بالىلار قاتارىغا ئۆتۈپ قالدى.

چوڭ بالىلار بىرەر ئىشنى قىلغاندا، مەسىلەن: ناھايىتى ياخشى كىنو فىلمى كۆرۈشكە ئوخشاش ئالدىراشقا توغرى كېلىدىغان ئىشلاردىن باشقا ئىشلاردا ھولۇقۇپ كەتمەيدۇ.

ھازىر شياۋخۇڭ مۇئەللىمى چىڭنىڭ:

«شياۋخۇڭ، سىنىڭچە قانداق قىلىش توغرى؟ ئامدان ئويلاپ كۆرگىن!» دېگەن سۆزىنى ئېسىگە كەلتۈردى.

ھېمىشەم مۇنداق ئەھۋال بولاتتى: شياۋخۇڭ قانچىلىك ھولۇقسا، ئۇنىڭ مۇئەللىمى چىڭ شۇنچىلىك ئېغىر بېسىقلىق قىلاتتى، گەپ- سۆز قىلغاندا ئاۋازىمۇ تەمكىنلىك چىقاتتى، شۇنىڭ بىلەن، نىمە ئۈچۈندۇر شياۋخۇڭمۇ سۇكۇتتە قېلىپ،

بالدۇرقىدەك ھولۇقۇپ كەتمەيتتى.

ئويلۇنۇش كېرەك.

نەرسىسىنى يوقاتقان ھېلىقى تاغام تراموايدىن نەدە چۈشتى؟ بىلمىدىم، قىسقىسى، ئۇنى بۇ ستانسىدىن تېپىش مۇمكىن ئەمەس.

مەن بۇ دەپتەرنى مەكتەپكە تاپشۇرۇپ بېرەي......

ياق. مۇشۇ يەردىكى رايونلۇق ساقچى ئىدارىسىغا تاپشۇراي. كوپ بولسا 5 مىنۇت ۋاقتىم كېتىدىكەنغۇ.

ئالدىرىماي! ئاۋال دەپتەرنى ۋاراقلاپ كورەي. نىملەر بارلىغىنى پايقاي...

دەپتەرنىڭ نۇرغۇن ۋاراقلىرىغا خەت يېزىلغان. بۇ، ھەم خىزمەت، ھەم ئۇگىنىش خاتىرىسى، دادامنىڭ دەپتىرىگە ئوخشاش ئىكەن.

......بىرمۇنچە پۇلمۇ تۇرۇپتۇ، شياۋخۇڭ پۇلنى قولىغا ئېلىپ سانىماقچى بولىۋىدى، بىردىنلا بىرپارچە كوك قەغەز يەرگە چۈشۈپ كەتتى. بۇ كلۇبقا كىرىش بىلېتى ئىدى.

«قانداق كلۇبنىڭ بىلېتىدۇ؟» ـ ئوچۇق يېزىلمىغان، ئورنىمۇ كورسۈتۈلمىگەن. بىرژۇمۇلاق كوك تامغىنىڭ ئىزى بار. خەتلىرىنى تونۇغىلى بولمايدۇ. بىلېتتە، ۋاقتى: بۈگۈن ئەتىگەن سائەت 10 دا، «بىر كىشىگە خاس. باشقىلارغا ئوتۇنۇپ بېرىشكە بولمايدۇ» دىگەندىن باشقا گەپ يوق.

بىر بۇرجىكىدە قەلەم بىلەن يېزىلغان «يولداش ۋاڭ فىنغا» دىگەن خەت تۇرۇپتۇ.

ھە، مانا ئەمدى كىمنىڭ ئىكەنلىگىنى بىلدىم!

ئەمدى، «جۇڭگو بالىلىرى» گېزىتىگە ئېلان چىقىرىپ، يولداش ۋاڭ فىننى تاپالايدىغان بولدۇم. بەلكىم كۈنلەرنىڭ بىرىدە يولداش ۋاڭ فىن گېزىتنى ئوقۇپ قالسا، مۇشۇيەردىكى رايونلۇق ساقچى ئىدارىسىغا كېلىپ دەپتەرنى، بىلېتىنى ئېلىپ كېتەر......




ئەمما ۋاڭ فىن يولداشنىڭ بۈگۈن سائەت 10 دا مۇشۇ بىلېت بىلەن بىرەر مەجلىسكە بېرىشى كېرەك. ئېھتىمال، بۇ، مۇھىم مەجلىسدۇر!

قانداق قىلىش كېرەك؟

ۋاقىت سىكۇنتلاپ، مىنۇتلاپ ئوتمەكتە.

بۇ ناھايىتى قىيىن مەسىلە بولۇپ قالدى. ئۇ، ساۋاقداشلار، ئىختىيارى پىكىر بېرىڭلار! دەپ بۇمەسىلىنى كوپچۇلۇكنىڭ ئالدىغا قويۇش، ئەنە شۇ چاغدا نۇرغۇن پىكىر ۋە چارىلار ئوتتۇرىغا چۇشۇدىغانلىغى توغرىسىدا ئويلىماقتا.

شياۋخۇڭ خۇددى ئىككى بالىنىڭ مۇنازىرىسىنى ئاڭلى-

غاندەك بولدى.

شياۋخۇگغا تراموايدا دەپتەر تېپىۋال دەپ كىم ئېيتىپتۇ؟
ئەگەر ئۇ تېپىۋالمىغان بولسا......

سىنىڭچە بولسا، شياۋخۇڭ باشقىلارنىڭ مۇھىم نەرسە-
سىنى «مېنىڭ نېمە چاتىقىم؟ ئۆز كىلاگىچۇيىمنى (بېلىيارت
شەكلىدە ياغاچتىن ياسالغان ئويۇن ئەسۋابى) ئوينايچۇ!» دەپ
تاشلاپ كېتىۋەسە بولارمىدى؟ بىرەر بۇزۇق ئادەمنىڭ قو-
لىغا چۈشۈپ قالسىمۇ مەيلىمىدى؟ شياۋخۇڭ ئۇنداق بىپەرۋا
بالا ئەمەس! ئۇ بىر پىونېر!

نېمە — دېدى
بىرىنچى بالا، — باشقا
كىشىنىڭ نەرسىسى-
نى تاشلىۋېتىپ، ئۆز
كىلاگىچۇسىنى ئوي-
نۇسا دەمسىنا؟ ئۇن-



داق قىلىشقۇ توغرى ئەمەس. ئويۇندىن نېمە پەيدا چىقىدۇ؟
براق شياۋخۇڭ كىلاگىچۇ ئويناش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى
كىنو كورۇشكە بارماقچى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئامدان فىلمگە ئىن-
تىزار بولۇپ زورگىنىگە خېلى ۋاخت بولدى. ئۇ ناھايىتى
ياخشى فىلم! پەقەت بىر نوۋەتلا قويۇلىدىكەن. گەپ ئەنە
شۇ يەردە.

ئۇنــداق بولسا قېــنى ئېيتقىنا، يولداش ۋاڭ فىننىڭ مۇھىم
مەجلىسكە بىرىشى زورۇرمۇ، شياۋخۇڭنىڭ رەڭلىك فىلم
كورۇشكە بىرىشى زورۇرمۇ؟

ئەلۋەتتە. ھەممىسى زورۇر. شياۋخۇڭ ساۋاقداشلىرىنى
تىپىپ، ئۇلاردىن: «كىچىك باغۋەننى كوردۇڭلەرمۇ؟» دەپ
سورىغان بولسا، ساۋاقداشلار: «ھەممىز كوردۇك!» دىگەن
بولاتتى. ئەنە شۇچاغدا، شياۋخۇڭ: «ياخشى گەپ ئىكەن.
ئۇنداق بولسا، سىلەرمىنىڭ بىر ئىشىمنى ئورۇنلاپ قويۇڭلا،
بۇمۇ خەلق ئۇچۇن خىزمەت قىلغان ھىساپلىنىدۇ.» دەپ،
دەپتەرنى ساۋاقداشلىرىغا تاپشۇرۇپ بىرىپ، ئوزى كىنوكور-
گىلى كىتىۋەسىمۇ بولاتتى.

ئۇنــداق بولسا، شــياۋخۇڭ ھەممىدىن بۇرۇن سىنى تاپ-
سۇنمۇ......

ياق. مىنىڭ كارىم يوق. مەن ئاكام بىلەن باغچىغا
بارىمەن. ساۋاقداشلار شۇنچە كوپ تۇرسا، نىمىشكە مىنى
تاپىدىكەن؛ ساۋاقداشلارنى تىپىپ، ياخشى ئېيتسا، ئۇلار ئۇ-
نىماي قالمايدۇ.

سىنىڭ بۇ سوزۇڭدىن، — دىدى ئىككىنچى بالا دەرھال
ئۇنىڭ سوز ئېلىپ، — «يولداشلار! بۇگۇن مەن ئوينىغىلى،
رەڭلىك كىنو فىلمى كورگىلى بارىمەن. مىنىڭ خەلق ئۇ-
چۇن خىزمەت قىلىشقا چولام تەگمەيدۇ. مىنىڭ ئۇچۇن خىز-

مەت قىلىپ قويۇڭلا. ئىسلەر ئىشنى تاشلاپ كىنوغا ياكى ئاكاڭلا بىلەن باغچىغا كېتىپ قالماڭلا. مېنىڭ ئورنۇمىدا ئىشنى پۈتـتۈرۈۋېتىڭلا. ئىشنى سىلەرگە تاپشۇردۇم. مېنىڭ كارىم يوق.» دېگەن مەنا چىقىدۇ.

بوپتۇ، مەن سوزدە سىلەرگە تەڭ كېلەلمەيدىكەنمەن. ئۆزەڭلا قانداق قىلساڭلا شۇنداق قىلىڭلا! شياۋخۇڭ ئۆزى يالغۇز تۇرۇۋېتۇ. ھازىر ئۇنىڭ نىمە ئىش قىلىۋاتقىنىنى ھېچكىم كورگىنى يوق، يامان ئىش قىلسا، ئەخلاق نومېرى كېمىيىپ كەتمەيدۇ. ياخشى ئىش قىلسا مۇكاپاتمۇ ئالالمايدۇ...

تۇرغۇن باللار شاۋقۇن كوتەردى:

ئىھى، سەن پىونېرلىققا يارىمايدىكەنسەن. ئىنستروكـتورچىڭ بىزگە: «سەن بىر كىشى يالغۇز تۇرساڭمۇ، نەچچە ئونلىغان كوزساڭا قاراپ تۇرۇدۇ، نەچچە ئونلىغان قول ساڭا شىلتىلىدۇ. پىونېر ئىشلەشكە تىگىشلىك ئىشنى ئوزلىگىدىن ئىشلەش لازىم، ئاخىرىغىچە ياخشى ئىشلەش لازىم.» دېگەن ئىدى. بىزنىڭ شياۋخۇڭ ئەنە شۇنداق بالا.

شياۋخۇڭ خىيالغا كەتتى:

توغرى. شۇنداق بولۇش كېرەك، يولداش ۋاڭ فىننى سائەت 10 دىن ئىلگىرى تېپىشىم لازىم.

★ ★ ★

نىتىجىدە، شياۋخۇگغا «كىچىك باغۋەن» نى كورۈش يەنە نىسىپ بولمىدى.

ئەمما شياۋخۇڭ ناھايىتى خۇشال، چۈنكى ئۇ ئاخىرى ھېلىقى يولداش ۋاڭفىننى تاپتى. ۋاڭفىن ئەسلىدە شياۋخۇگنىڭ ئانىسىدىنمۇ چوگراق بىر خوتۇن ئىدى.



شياۋخۇڭ ئۇنى مۇنداق تاپتى: ھېلىقى دەپتەرنى ئالدىرىماستىن - تەنتىرىمەستىن قاراپ چىقىپ، بىر نەچچە كىشىنىڭ ئىسىم فامىلىيىسى، ئادرېسىنى بىلدى. شۇ ئادرېس بويىچە يېقىنىراق جايدىكى بىر ئۆيگە بېرىپ، ئىزدىگەن كىشىسىنى ئۇچرىتالمىدى. كېيىن ئىككىنچى بىر جايغا باردى. ئۇيەردىكىلەر ۋاڭفىننى سورۇشتە قىلىپ ئۇياق- بۇياققا تېلېفون بېرىپ، ئاخىرى تاپتى. ۋاڭفىن يېتىپ كېلىپ، شياۋخۇگنىڭ قولىنى سەممىيەت بىلەن مەككەم سىقتى ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن قانداق قىلىشنى بىلەلمىدى:

— قىزىم، ئىسمىڭىز نىمە؟

— پىونېر.- دىدى شياۋخۇڭ.

# لوۋنىڭ ھەققىدە ھىكايە

6 - سىنىپتىكى ساۋاقداشلار ئۆزلىرىنىڭ ئازاتلىق ئارمىيەدىكى بىر نەچچە تاغىلىرى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى باغلاپ، پات - پات سالام خەت يېزىشىپ تۇراتتى. 2 - كىچىك ئۆترەدتىكى پىونېرلار كۆڭلەرنىڭ بىرىدە يوللىغان سالام خېتىدە لوۋنىڭ توغرىسىدا مۇنداق يازدى:

«تاغىلار، سىزلەرگە سالام!

سالام خېتىڭلارنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئاھايىتى خۇرسەن بولدۇق.

خېتىڭلارنىڭ «لوۋنىڭنىڭ ئالغا باسقانلىقى، ئۆترەدكە كىرگەنلىكى، بىز ئۈچۈن خوش خەۋەر بولدى. بۇ بىز ئۈچۈن سىلەردىن كەلگەن ئەڭ ياخشى سوغات.» دىگەن جۈملىلىرىنى ئوقۇپ خوشاللىقىمىزدىن لوۋنىڭنى ئاسمانغا كۆتەردۇق. لوۋنىڭنىڭ كوزلىرىدىن خوشاللىق ياشلىرى قۇيۇلۇپ كەتتى.

ئۆتكەن نۆۋەت سىلەر بىلەن كورۇشكەن ۋاقتىمىزدا تاغىمىز ليۇ، لوۋنىڭ نىمىشكە تېخىچە ئۆترەدكە كىرمىدى، دەپ سورىغاندا، لوۋنىڭ ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ شۇ چاغلاردا ئۆترەدكە كىرىشنى تەلەپ قىلغان بولـ

سىمۇ، لېكىن دەرستە ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن تەلۋى قو-
بۇل قىلىنمىغان ئىدى.

ھەقىقەتتە شۇچاغلاردا لوۋنىيىڭدا: كەلگۈسىدە تاغىلىرىمغا
ئوخشاش ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىدىن بولۇمەن، دىگەن
ئۇلۇق غايە پەيدا بولغان ئىدى.

ساۋاقداشلار ئۇنىڭغا:

— لوۋنىيىڭ، ئازاتلىق ئارمىيىدىكى تاغىلىرىمىز، ھازىر
مۇئەللىمىڭنىڭ سوزىگە قۇلاق سېلىپ، ياخشى ئوقۇغىن، بە-
دىنىڭنىمۇ چېنىقتۇر، دىمەيمىدى، - دىسە، لوۋنىيىڭ ساۋاق-
داشلىرىغا بىر قارىۋېلىپ كوڭلىدە، «كىيىنچە كورەرسىزلەر،»
دەپ ئويلىغان ئىدى. يەنى بۇ، كەلگۈسىدە ياخشى ئوقۇي-
مەن، بەدىنىمنى ئامدان چېنىقتۇرۇمەن، دىگەن ئىدى.

ئەمما، بۇگۈن ھەپتىنىڭ 6- كۈنى بولۇپ قالدى. دەر-
سىمگە ئەمدىلا كوڭۇل قويۇپ تىرىشىپ كىتەي دىسەم، دەم
ئېلىش كۈنى كېلىپ قېلىۋاتىدۇ. ئەمدى كىلەر ھەپتىنىڭ
بىرىنچى كۈنىدىن تىرىشىشقا باشلايچۇ. لوۋنىيىڭ ئەنە شۇن-
داق ئويغا كەلدى.

ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنىمۇ يىتىپ كەلدى. لوۋنىيىڭ
مەكتەپتىن قايتىشتا ناھايىتى ئىلدام ماڭدى. ئۇ، ئوتمۇشتىكى
ئادەتلىرىنى تەكرارلىماسلىق قارارىغا كەلدى. ئوتمۇشتە ئۇ 4-5
سائەت ئويىنىۋېلىپ، ئاندىن كىيىن ئويىگە قايتاتتى، ئېلىپ

قويغان غىزانى يېيىش بىلەن بىرلىكتە ئانىسىنىڭ تاپسىنىمۇ ئاڭلايتتى. ئۇ بۇگۈن ۋاختى-قارايىدا ئۆيگە قايتىپ، كەچقۇرۇنلۇق غىزادىن كېيىنكى ۋاختىنى ئامدان ئىدارە قىلماقچى بولدى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ:

«ھېساپ مەسىلىلىرىنى ئامدان ئىشلەپ، دەپتەرگە چىرايلىق ۋە رەتلىك قىلىپ يېزىپ، يەكشەنبە كۈنى ئازاتلىق ئارمىيىدىكى تاغىلىرىمغا ئاپىرىپ كورسۇتۇمەن. ئۇلاردىن: تاغا، كەلگۇسىدە زەمبىرەكچى بولۇشقا يارايمەنمۇ؟ دەپ سورىسام، ئۇلار، يارايسەن! دەپ جاۋاپ بەرسە، نىمە دېگەن ياخشى بولاتتى!» دېگەن شېرىن خىياللار بىلەن، مەيدىسىنى كېرىپ، يوغان-يوغان چامداپ بازارغا كىرىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى.

ئۇ بازاردا ئىككى سائەتتىن كوپرەك ۋاختىنى زايە قىلدى. ئۇ خۇددى بىرنەرسىگە ئالدىرىغاندەك، نۇرغۇن ماگازىنلارنى تاماشا قىلدى، ھەتتا چىنى-قاچا دۇكانلىرىنىمۇ قالدۇرماي كوزدىن كوچۇردى. يەنە بىر يايمىچىنىڭ دۇكىنى يېنىدا تىزىلغان تۇرغان قەلەمتىراچلارغا كوز سالدى، بۇ قەلەمتىراچلار جاۋجالىنىڭ قەلەمتىراچىدىنمۇ ئىتتىكمىدۇر، دەپ ھەۋەس بىلەن قولىغا ئېلىپ كورگۇسى كەلدى. ئۇ ئويۇنچۇق دۇكىنى ئالدىدىكى داستا تۇرغان تاشپاقىغا ناھايىتى ئۇزۇندىن بېرى دىققەت قىلىپ كەلگەن ئىدى.



«ئۇيگە بارغاندا ئانامغا ئېيتىپ، سىڭلىمغا بىرنى ئالدۇرۇپ بېرەي. سىڭلىمغا غەمخورلۇق قىلىشىم لازىم......»

ئەمما لوۋنىيىڭغا پۇتۇن بازار بىردىنلا ئۆزگۈرۈپ قالغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ هاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى-دە، داستىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى: بۇچاغدا ھەممە ئېلېكتىر چىراقلار يورۇغان ئىدى.

«ئاپلا، چاتاق بولدى!» - ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ يولغا ماڭدى، «بۈگۈن يەنە كېچىكىپ قالدىم!»

لوۋنىيىڭ تار كوچىغا كىرىپ، دەرسىمنى ئامدان تەييارلىمسام بولمايدۇ، دەپ تېخىمۇ ئىلدام ماڭدى.

«ئازاتلىق ئارمىيىدىكى تاغىلىرىمماڭا شۇنچە كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. ئوترەدكە كىرىشكە تىرىشاي، جەزمەن......»

ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ، بىردىنلا «تاراق!» قىلغان بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ:

«ئوهو! كىم كىلاڭگىچۇ ئوينىۋاتىدىغاندۇ؟» - دەپ، بىر كونېپىت دۇكىنى ئىچىگە كوز سالدى. ئېنىق پايقىيالمىغانلىقتىن ئادىتى بويىچە كېتىۋاتقان جايىدا تۇرۇپ دىققەت

بلەن قارىدى.

ھەي، بۇنىڭغا نىمە چارە بار! لوۋىنىيىڭ بۇ كىلاگچۇ ئۇ-يۇننى كورمىگىچە خۇماردىن چىقمايدۇ. چۇنكى بىر ئۇرۇق بۇلۇگدا قىمىرلىماي تۇرۇۋالغان ئىدى. ئوينىۋاتقان ئىگىز بويلۇق بالا كۇچەپ بىرنى ئۇرىۋىدى. لېكىن ھېلىقى ئۇرۇقا تەگدۇرالمىدى.

لوۋىنىيىڭ ھېلىقى ئىگىز بويلۇق بالىغا يەنە بىر نوۋەت كەل-گىچە كۇتۇپ تۇردى. لېكىن ئۇ بالا يەنە تەككۇزالمىدى.

لوۋىنيىگىنىڭ ئىچى تىتىلداپ كەتتى، چۇنكى ئۇنىڭ دەرھال ئويىگە قايتىپ كەچقۇرۇنلۇق غىزاسىنى يېيىشى كې-رەك؛ غىزادىن كىيىن ھېساپ دەرسىدىن ئىشلەيدىغان سەك-كىز مەسىلىسى، يازىدىغان بىر بەت ھوسنى خېتى بار! لېكىن ھېلىقى ئىگىز بويلۇق بالا 5 نوۋەت ئۇرۇپمۇ تەگدۇرالماي قويدى. 6 ـ نوۋەتتە بۇلۇگدىكى ئۇرۇقنى قالدۇرۇپ قويۇپ، باشقا ئۇرۇقلارنى ئۇرۇشقا باشلىدى. لوۋىنيىڭ كۇتۇشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ھېمىشە يەنە شۇنداق ھەل قىلىنلى بول-مايدىغان مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىپ قالاتتى.

شۇنداق قىلىپ لوۋىنىيىڭ ئويىگە ناھايىتى كەچ قايتىپ كەلدى. غىزانى ئالدىراپ ـ تىنەپ بىرنەچچەكاپ ئالا يېدى. دەرس تەكرارلاش ۋاختىنىڭ ئوتۇپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، غىزانى بۇنداق ئالدىراپ يېيىشىنىڭ سالامەتلىككە

مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقىنى بىلەلمۇ كارى بولمىدى.

— يەنە نەگەماڭدىڭ؟ — ئانىسى ئۇنىڭ چىنىنى قويۇپلا تاشقىرىغا ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران بولغان ھالدا سورىدى.



— ھۆسنىخەت يازىدىغان دەپتەر سېتىۋالغىلى بارىمەن.

— نىمە؟مەكتەپتىن قايتقاندا ئالمىدىڭمۇ؟

— چولام تەگمىدى، ئانا.

بۇ دۆشەنبىمۇ ئىلگىركى كۈنلەردەكلا بولدى: ئۇخلاش ۋاقتى كەلگەندە، لوۋنىڭ ھېساپنىڭ ئىككىنچى مەسىلىسى ئۈستىدە ھارغان - چارچىغان ھالدا باش قاتۇرۇپ ئولتۇردى. كېيىن، ئەرتە سەھەردە ئىشلەي، دەپ، قولى بىلەن ھۆسنى خەت يازسا، كۆزى بىلەن رەسىملىك ژۇرنالغا قاراشقا كىرىشتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ سائەت 11 دا ياتتى. ئەتىسى ناھايىتى ۋاقىتچە تۇردى، ئۇيقۇسىغا قانمىغانلىقتىن، دەرسكە بېرىش ۋاقتىدا ئۈگۈدەپ ئولتۇردى.

— سەن نىمە ئانداق ئويۇنىۋاز بولۇپ كەتتىڭ؟ — دەپ كايىدى ئانىسى.

— ئويۇنىۋاز؟ — دىدى لوۋنىڭ يۈزى قىزارغان ۋە ئاغ-

زىنى پۇرۇشتۇرگەن هالدا، ــ ئۇيناپ هوزۇر قىلىۋېتىپتىمەنــ
مۇ؟ ئىچىمدىكى خاپىلىقىمنى بىلمەيدىكەنسەن.

راس، لوۋنىيىڭ ئويۇنىنىمۇ قانغىدەك ئوينىيالمىغان ئىدى.

بىز ئۇنىڭغا:

ــ سەن كەلگۈسىدە ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىسى بولۇمەن دەۋاتىسەن، هازىردىن تەييارلىق كورمەي، كۈنىڭنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتسەڭ، ۋاختىڭنى زايە قىلىۋەسەڭ بولامدۇ؟ ــ دىسەك، ئۇ:

ــ كىم بولۇدۇ دەپتۇ؟ ــ دەپ بېشىنى توۋەن سالدى ۋە ئىككى قولى بىلەن چاپىنىنىڭ پېشىنى سىقىملاپ تۇرۇپ، ــ مۇئەللىمىمىز جۇ ۋاختىنى ئىختىسات قىلىڭلار، بىر مىنۇت، بىر سكۇند ۋاختىنىمۇ هېساپ بىلەن ئىشلىتىش لازىم، دىگەن. بۇنى ئامدان بىلمەن. ئەمما نىمە ئۇچۇندۇر، دىققەتسىزلىكتىن يەنە شۇنداق كاھىلىقلارنى ئۆتكۈزۈپ قويىمەن. ــ دەيدۇ.

بىز ئۇنىڭغا ياردەم قىلماقچى بولدۇق:

ــ لوۋنىيىڭ، ھەممىمىز بىللە ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلايلى. هېساپ مەسىلىلىرىمىزنى بەشۇيلەن لى شياۋچىڭنىڭ ئويىگە بېرىپ ئىشلەيلى. ماقۇل كورەمسەن؟

ــ كېلەر ھەپتىدىن باشلاپ شۇنداق قىلايلى.

— ياق بۇگۇندىن باشلاپ.

— بوپتۇ. بۇگۇندىن باشلىساق ـ باشلايلى!

ھەممىمىز خوشال بولدۇق. لوۋنىيىڭمۇ قاپاقلىرىنى تۇر-مەيدىغان بولدى.

شۇ كۇنى مەكتەپتىن قايتقاندا، لوۋنىيىڭنى ئويىگە ئاپىرىپ قويۇش ئۇچۇن ئۇنىڭغا جاۋجالىننى ھەمرا قىلىپ قويدۇق. خەير-لىشىدىغان ۋاختتا، جاۋجالىن:

— سائەت 6 يېرىمدىن ئىلگىرى، جۇمۇ! ئۇنتۇپ قالما!- دەپتۇ.

— ئۇنۇتمايمەن، بىلىمەن!- دەپجاۋاپ بېرىپتۇ لوۋنىيىڭ.

— لوۋنىيىڭ، غىزايىڭنى يەپ بولۇپلا، ماڭ. باشقا يەرگە كېتىپ قالما...... - دەپتۇ جاۋجالىن يەنە تاپىلاپ.

لوۋنىيىڭ جاۋجالىننىڭ ھەممەئىشى ياخشى، لېكىن بىر ئاز گېپى تولا، دەپ:

— يائاللا، بولدىلا ئەمدى. خاتىرجەم بول، بىرمىنۇتمۇ كېچىكمەيمەن بولدىمۇ؟- دەپتۇ.

لوۋنىيىڭ غىزاسىنى يەپ بولۇپ، كىتاپ، دەپتەر ۋە باشقا نەرسىلىرىنى ژىغىشتۇردى. ئانىسىنىڭ دىققىتى چۇش-كەنلىكىنى، پات - پات مەمنۇنىيەت بىلەنقاراپ قويغانلىغىنى، يەزىدەكورمەسكە سالغانلىغىنى بىلدى. ئۇ، ئانام «يارايسەن، مانا ئەمدى ئادەم بالا بولدۇڭ!» دەپ يۇزۇمنى قىزارتىپ

قويارمكن دەپ، دەرس تەكرارلاش گرۇپپسغا قاتنشدىغانلغنى ئانسدنمۇ ئېيتمدى.

ئۇ بېشنى توۋەن قلپ، ئىخلاس بلەن ھېساپ مەشق دەپتىرىنى سومكسغا سالدى. كېين بر ئاز خيال سۇرۇپ تۇرۇپ، سومكنى ئېسۋالسام، كوچدىكى كشلەر «قاراڭلار، بۇبالا ئويۇنغا بېرسلپ كېتپ، ئويگە كەچ قايتپتۇ!» دەپ گەپ تاپمسۇن، دىگەن پكرگە كەلدى-دە، سومكسنى قالدۇرۇپ، ھېساپ مەشق دەپتىرىنلا ئېلىپ بارماقچى بولدى.

ئۇ نەرسە-كېرەكلىرىنى بركونا گېزىتقا ئورىدى. شۇ ھالەتتە، ئۇنىڭ سڭلىسى بر رەسمنىڭ ژۇرنالنى-دادىسى ئېپۋەتكەن ژۇرنالنى ئېلىپ، يالاڭ ئاياق ژۇگۇرۇپ كەلدى.

ئاكا بۇنىمۇ ئورىۋال!...

ئوھو، ئوھو، خوددى دادامنىڭ بۇگۇن دەرس تەكرارلاش گرۇپپسغا بارىدىغانلىغمنى بىلگەندەك، ئەجەبمۇ ۋاختىدا ئېۋەتىپتۇ! بۇ يېڭى ژۇرنالنى لى شياۋچۈننىڭ ئويگە ئاغاچ باراي، دەم ئېلىش ۋاختىدا ساۋاقداشلىرىم بلەن بىللە كورەرمەن. بۇنىدىن كېين بۇ ژۇرنالنى دەرس تەكرارلاش گرۇپپسدا قالدۇراي، كوپچۇلۇكنىڭ ژۇرنلى بولسۇن، - دەپ ئويلىدى لوۋنىڭ ۋە:



ـــ ئەكەگىن، ئامدان ئۇكام! ـ دەپ، ژۇرنالنى سىڭلىسىنىڭ قولىدىن ئېلىپ، مۇقاۋىسىنى كورۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوراش ئۈچۈن گېزىتنى ئېچىۋېتىپ، ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسىغا يەنە كوزى چۈشتى.

«بۇ كىم؟» ـ دەپ ئۇ ئوز ـ ئوزىدىن سورىدى، ـ «ئىشلەپچىقىرىش نەمۇنىچىسى ئوخشىمامدۇ؟»

ئۇ ژۇرنالنى ئورىماقچى بولدى، كېيىن مۇقاۋىدىكى ئادەمنى نەدىندۇر بىريەردە كورگەندەك قىلىمەن، بۇ زادى كىمدۇر؟ دەپ يەنە تۇرۇپ قالدى.

ئۇ مۇندەرىجىسىنى كورۇشكە مەجبۇر بولۇپ، ژۇرنالنى ۋاراقلىدى.

«ۋاراقلاپلا كورۇپ باقسام ھېچگەپ بولماس.» ـ دەپ رەسىملەرنىڭ بىردەم ئۇسىنى، بىردەم بۇسىنى قارىغىلى تۇردى. ـ «بۇ نىمەگەپ بۇ؟ چۈشەندۇرۇشنى ئوقۇپ باقايچۇ.»

لوۋىنىڭ خۇددى چۈشەندۇرۇشىنىڭ توغرى ـ ناتوغرىلىغىنى تەكشۇرگەندەك، بىر خەتنى ئۇقۇپ، بىر رەسىمگە قارىدى. شۇنداق قىلىپ بىر نەچچە چۈشەندۇرۇشنى ئوقۇۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، بىر تەرەپتىن:

«بولدی، بولدی. پاتراق ماڭايچۇ!......» ـ دەپ ئۇـ
زىنى ئۆزى ئالدىراتتى. ـ «قارا، بۇ دىخان تاغامنى! ئوھو،
ئەجەپمۇ كېلىشكەن كىشكەن!»

ۋاخت كۈتۈپ تۇرمايتتى. لوۋنىيڭ سائەتكە قارىدى ـ دە
ژۇرنالنى تاشلاپلا، سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى.

سائەت دەل 6 دىن 42 مىنۇت ئۆتكەن!



ـــ ئانا، بىزنىڭ سائەت
ئىتتىك ئوخشىمامدۇ؟
ـــ ئىتتىك ئەمەس. ھېلا ـ
راقتا تېلېفون ئارقىلىق توغرىـ
لىغان.

ئىش چاتاق بولدى! لوـ
ۋنىيڭ دەپتەرلىرىنى ئوردـ
غان گېزىتنى قولتۇغىغا قىسـ
تۇرۇپ، ئانىسىغا ئېيتىپ قويۇپ ماڭماقچى بولدى. لېكىن
يەنە ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى ئويلىدى. ئۇ، ساۋاقداشلىرىم:
«لوۋنىيڭ، نېمىشكە كېچىكىپ قالدىڭ؟»
«لوۋنىيڭ، يەنە نېمىشكە كونائەيىپلىرىڭنى تەكرار لايـ
سەن؟» ـ دەپ سورىماي قالمايدۇ، دەپ ئويلايسىزلاندى.

شۇنىڭ بىلەن قانداق قىلىشنى بىلمەي، ئورالغان گېزىتنى
قاراپ گاڭگىراپ قالدى. لىشياۋچىڭنىڭ ئويىگە بېرىشتىن

خىجىل بولۇپ، ژىغلىۋەتتى.

«بارىۋە، ھېچگەپ يوق. بۇندىن كېيىن تۈزۈلۈپ كەتسەڭ بولدى» — دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئەمما، ساۋاقداشلارنىڭ نېمە دېيىشىنى كىم بىلسۇن؟ ئۇ بارسا، ساۋاقداشلىرى كۆزگە ئىلارمۇ؟ ئۇ ئىناۋىتىنى يوقاتتى. چۈنكى ئۇ ئۆز ئاغزى بىلەن بەرگەن ۋەدىسىنى يەردە قالدۇردى! ساۋاقداشلىرى بۇنى مۇئەللىم جۇغا، ئازاتلىق ئارمىيىدىكى تاغىلىرىغا مەلۇم قىلماي قويمايدۇ. ھەي، ئۇ ئازاتلىق ئارمىيىدىكى تاغىلىرى ئالدىدا يەرگە قاراپ!

«ليۇ تاغا، سىلەر مېنى ھېلىمۇ دوست تۇتامسىلەر؟» — شۇ خىيال بىلەن تۇرغان لۇۋىنىڭنىڭ ئىككى كۆزىدىن ئاققان ياش تامچىلىرى سىرىلىپ مەڭزىگە چۈشتى.

ئەگەر ھازىر سائەت 6 يېرىمدىن ئىلگىرى بولغان بولسا ئىدى...... ئەمما ۋاقىت ئىككىنچى قايتىپ كەلمەيدۇ! زايە بولغان ۋاقىتنى ئورنىغا كەلتۈرۈش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس!

ۋاقىت ئۆتۈۋەرگەنسېرى لۇۋىنىڭ تېخىمۇ پۇشايمان قىلدى ۋە ئۆزىگە — ئۆزى خاپا بولدى.

يولداشلىرىم — ساۋاقداشلىرىم مېنى يەنە ئۆز قوينىغا ئېلىپ، مېنى دەرىس تەكرارلاش گۇرۇپپىسىغا قاتناشتۇرسىلا ئوقۇشۇمغا ياردەم بېرىدىغان بولسىلا، يولداشلىرىمنىڭ ئالدىدا خاتالىغىمنى ئىقرار قىلىشقا، يولداشلىرىمنىڭ تەنقىدىنى ئاڭلاش—

قارازى ئىدىم، بۇندىن كىيىن ھەرگىزمۇ كېچىكمەيمەن ......

لوۋنىيىڭ بىردىنلا چۇچۇپ كەتتى: بىراۋ ئۇنىڭ ئىسمىنى قىچقارغاندەك بولدى.

ئۇ دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى. سىگنالسى بىرىنى تاغدىن - بىرىنى باغدىن دىگەندەك، «چاشقان چىراقپايغا چىقتى» دەپ غەزەل ئوقۇماقتا، ئانىسى بەزەن - بەزەن ئۇنىڭغا سوز توقۇپ بەرمەكتە ئىدى.

«مىنى كىممۇ ئىزلەپ كېلەتتى!»

لوۋنىيىڭ، سىنىڭ بۇ خىيالىڭ خاتا. پىونىر ساۋاقداشلىرىڭ سىنى تاشلىۋېتەتتىمۇ! قۇلاق سالغىنا! يالغانمۇ؟

راستىنلا ئۇنى بىراۋ قىچقاردى. بىرىنىڭ جاۋجالىن ئىكەنلىگى مەلۇم بولدى. شۇ قاتاردا ئۇلارنىڭ گرۇپپا باشلىغى بولغان لى شياۋ چىڭنىڭمۇ ئۇنلۇك ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇمۇ لوۋنىيىڭنى ئىزلەپ كەلگەن ئىدى.

ئەمدى نىمە دىيىش كېرەك؟ لوۋنىيىڭ، دەرھال ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ «ۋاي كېلىڭلەر!» دەپ كۈتۈۋېلىپ، ئۇلار بىلەن بىللە دەرس تەكرارلاشقا بېرىشى لازىم ئىدى...

ئەمما لوۋنىيىڭ ئۇنداق قىلمىدى، بۇ ناھايىتى خىجىل بولىدىغان بىر ئىش. لى شياۋچىڭ بىلەن جاۋجالىن ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە، لوۋنىيىڭ موكۇۋالمىغىنىغا پۇشايمان قىلدى. شۇڭا ئۇ ئىلاجسىز رەسىملىك ژۇرنال كورگەن

بولۇپ ئولتۇرۇۋالدى.

—لوۋنىيىڭ، — دېدى لى شياۋچېڭ ئىشكتىن كىرىپلا، — دەرس تەكرارلاشقا نىمىشكە بارمىدىڭ؟

لوۋنىيىڭ بىر تەرەپتىن خوشال بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن خىجىل بولۇپ، ئۇلارغا قارىماي ئولتۇرۇۋالدى.

— نىمە بولدى؟ — لى شياۋچېڭ بوسۇغىدا ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى. كىيىن ئاستا ئۇنىڭغا يېقىن كەلدى، — ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟



— ياق.

— يۇر، ئەمسە. — جاۋجالىن ئىككى قولىنى لوۋنىيىڭنىڭ مۇرىسىگەقويدى ۋە لى شياۋچېڭ بىلەن كوز بېقىشىپ ئالدى.

لوۋنىيىڭ پايقىماي ژىغلاپ سېلىشتىن قورقۇپ، ئاستى كالپۇكىنى مەككىم چىشلىۋالدى. كىيىن مىڭ تەسلىكتە ئاغزىنى ئاچتى — دە، ئاڭلىنا — ئاڭلانماس قىلىپ:

— بارمايمەن...... ئىشىم بار...... — دېدى.

— ئىشىم بار؟ ئۇنداق بولسا رەسىملىك ژۇرنال كورۋاتسەڭغۇ؟ — لى شياۋچېڭ ئۇنى تارتىپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى، — يۇر، ھەممىلەن سىنى كۇتۇپ تۇرۇۋدۇ.

ئەسلىدە، ساۋاقداشلىرى ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى. لى شياۋچىڭ زادىلا يالغان سۆز قىلمايتتى.

جاۋجالىن يەنە لوۋنىيىڭغا گەپ قىلدى:

— بىز سىنى ئۆيدىن تاپالمىغان بولساق، ئىزلەپ بازارغا بارماقچى ئىدۇق. بازاردىنمۇ تاپالمىساق رايونلۇق ساقچى ئىدارىسىغىچە بارماقچى ئىدۇق. قانداق قىلىپ بولمىسۇن سىنى تېپىپ، ئۆزىمىز بىللە دەرس تەكرارلاشقا ئېلىپ باراتتۇق. چۈنكى گرۇپپىمىزدا شۇنداق قارار بولغان ئىدى.

ئۇنداق بولسا چاپسان بولۇش كېرەك! بىر مىنۇتمۇ كېچىكىپ تۇرماسلىق كېرەك!

ساۋاقداشلار ئانىسىغا ئېيتىپ قويۇپ ماڭماقچى بولۇشتى. ئانىسى خوشال بولۇپ لى شياۋچىڭنىڭ قولىنى تۇتتى:

— ناھايىتى ئامدان قىلدىڭلار......

لوۋنىيىڭنىڭ يۈزىنى ئوت ئالدى. ئۇ لى شياۋچىڭنى تۇتقىنىچە تاشقىرىغا قاراپ ژۇگۇردى. دەرۋازىدىن چىقتى-دە، يەنە ئۇچقاندەك ژۇگۇرۇپ ئۆيگە قايتىپ كىردى ۋە ھېلىقى رەسىملىك ژۇرنالنى ئېلىپ، ژۇگۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

3 ساۋاقداش كۈلۈشۈپ، ۋاڭ-چۇڭ سېلىشىپ ماڭدى.

بۈگۈنكى ئۇتۇق ناھايىتى ئامدان بولۇپ چىقتى. ئۇلار دەرسنى تەكرارلاپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىردەم كوگۇللۇك

ئوينا شتى. لوۋنىيىڭ ھېچقاچان بۇگۇنكىدەك خوشال بولمىغان ئىدى.

— بولدى! بۇندىن كىيىن قەتئى دىققەت قىلمەن — دېدى لوۋنىيىڭ قەتئى بەلباغلاپ، — ئەمدى ھەرگىزمۇ ۋاختنى قولىدىن بەرمەيمەن.

ئۇ ئازاتلىق ئارمىيىدىكى ئاغىلارنىڭ: «ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز ئامدان تۇتۇۋېلىشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمىز.» دېگەن سوزىنى يات — يات ئىسىگە كەلتۈرىدىغان بولدى.

ئۇ لى شياۋچىڭغا مۇنداق پىكىر بەردى:

— بۇندىن كىيىن مەكتەپتىن قايتقانىدا، مىنى ئۆيۈمىگە ئاپىرىپ قويۇشقا كىشى قوشۇپ ژۈرمەگىلە. سىلەر ئۇزاق يول مېڭىپ ئاۋارە بولۇپ قالىدىكەنسىلەر، ئۆزىمنى ئۆزۈم ئىدارە قىلسام بولمىدىمۇ؟

— ناھايىتى ياخشى. — دېدى لى شياۋچىڭ بىر ئاز ئويلىنىپ، — گرۇپپىمىز ساڭا ئىشىنىدۇ.

دەرۋەقە، لوۋنىيىڭ ئۆزىنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. دەرىستىمۇ كۈندىن — كۈنگە ئالغا باستى.

— باشتا خېلىلا تەس كەلدى. — دېدى لوۋنىيىڭ ئۆزىنىڭ بالدۇرقى ئەھۋاللىرىنى كوز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، — دەسلەپكى كۈنلىرى يامان ئەمەس: گرۇپپا ماڭا كىشى قوشىمىدى. ئۆزۈم يالغۇز ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئۆيىگە قايتىپ باردىم. 3 —

كۈنى بىر ئاز......

3 – كۈنى بوران چىققان ئىدى. لوۋنىيېك مەكتەپتىن ئۆيگە قايتىۋېتىپ، بازاردىن ئۆتكەندە: بۈگۈن ھاۋا سوغۇق، تاشپاقا قانداق بولۇپ قالغاندۇر، سۇدا يەنە ئىلگىركىدەك ئۈزۈپ ژۈرەلىگەندۇرمۇ؟ دەپ، تاشپاقىدىن ئەنسىرىدى.

«راس، ئومۇلگۈچىلەرگە سوغۇق تىگمەيدىغاندۇر؟ – ئۇ ئۆز – ئۆزىگە سوئال قويدى» – «بېرىپ كۆرۈپ باقايچۇ. ھە ......ياق! رۇخسەت قىلمىنمايدۇ!»

ئۇ بىر نەچچە قەدەم ماڭدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى ھېچ ئۇنۇمىدى. باشقا نەرسىلەرگە بېرىلمەي تاشپاقانىلا كۆرسەم بولارمۇ؟ مەيلى ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭغا ھېچگەپ بولماس!

ھەي، ئاستاراق ماڭاي، ئامدانراق ئويلىنىپ باقاي......

«ياق، بولمايدۇ!» – لوۋنىيېك ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇۋالدى.

كوچىدىكى ھېلىقى كونفېت دۇكىنىدا كىلاگچۇ ئوينالماي تۇراتتى، لېكىن ئۈچ كىشى قاتار ئۈيۈنى ئويناۋاتاتتى. لوۋنىيېك بىر ئۇنى قاراپلا بىلدى. لېكىن ئۇلارنىڭ قاتارىنىڭ قانداق بولۇۋاتقىنىنى، كىم ئۇتۇپ، كىم ئۇتتۇرىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى.

قانداق؟ بىر ئاز كۆرۈپ كەتمەمسەن؟ بىر ئاز قارىغانغا ھېچنەرسە بولماسمۇ؟

«بىر ئاز......؟ ياق، بولمايدۇ!» – لوۋنىيېك ئۇلۇق – كىچىك تىنىپ قويدى، «قاتار كىلاگچۇغا ئوخشىمايدۇ. بۈگۈن

بىر ئاز كورۇۋېلىپ، ئەرتىدىن باشلاپ زادىلا قاردىمايمەن. بۇنىڭغا ھېچگەپ بولماس؟»

ئۇ تاغىسى لىيۇ ۋە باشقىلارنى يادىغا كەلتۈردى ۋە تاغىلىرىم ئاڭلىسا نىمە دەر؟ «ھەي، يەنە كونا كېسىلى قوزغاپتۇ!» دىمەسمۇ، دىدى ـ دە، ئارقىسىغىمۇ قاردىماستىن، توپ ـ توغرى ئۆز يولىغا ماڭدى.



كېينىچە ئۇتېخىمۇ ياخشى بولۇپ كەتتى. مەسىلەن: بىر كۈنى يولدا بىر دانە قۇرۇپ كەتكەن چىلاننى ئۇچرۇتۇپ قالدى. «ۋاھ، بۇنى چىلانچى چۈشۈرۈپ قويغاندۇرمۇ؟ باكى چىلان يىگۈچىلەردىن بىرسى تاشلىۋەتكەندۇرمۇ؟» دەپ بىر ئاز ئويلاندى ـ دە، بىر تېپىپ كوزدىن يوقاتتى.

«نەگە كەتتى؟» ـ ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن! لوۋىنىيىڭنىڭ باشقا ئىشى بار. ئەگەر ئۇ ئىلگىركى ئادەتلىرى بويىچە بولغاندا، ئۇنى ئىزدەپ تاپماي قويمايتتى.

ئەمما ھېلىقى چىلان ئۆزىچىلا يىقىراپ قايتىپ كېلىپ قالدى: ئەسلىدە ئۇدۇلدىن كېلىۋاتقان بىر بالا ئۇنى قايتۇرۇپ تېپىۋەتكەن ئىدى. لوۋىنىيىڭ دەرھال ئۇنى يەنە بىرنى تېپىپ

قايتۇرۋەتتى. ھېلىقى بالا چىلاننى پۇتى بىلەن توسۇۋېلىپ، خوشال بولغان ھالدا:

— بۇ ياقىقاكەل، مەن توپ دەرۋازىسىنى باقاي، (فۇتبول ئويىنىغا ئوخشاتماقچى — ت)، سەن تەپ! — دەپ لوۋسىنىڭنى قىچقاردى.

لوۋسىنىڭ پەقەت ئىككى سىكۇنتلا ئەۋارە بولدى:

— مېنىڭ ۋاختىم يوق. ھازىر ئويناش ۋاختى ئەمەس. بۇرادەر، سېنىمۇ بالدۇرراق ئويىڭگە قايت! — دەپ قولىنى شىلتىپ ئۆز يولىغا ماڭدى.

لوۋسىنىڭ بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىدىن مۇئەللىم جۇ ۋە دەرىس تەكرارلاش گرۇپپىسىغا مەلۇمات بېرىپ تۇردى.

تاغىلار! لوۋسىنىڭ سىلەردىن ئەنە شۇنداق ئۈلگە ئالماقتا، ئۇ ئەنە شۇنداق ئالغا باستى.

ھازىر، ئۇ يېڭى ۋە ئامدان ئادەتلەرگە ئۆگەندى. ئەگەر ئويناش ۋاختى بولمىسا، ئۇنى ئويۇنغا ھەر قانچە تارتسىمۇ ئۇنىمايدۇ. ئۇ ئوقۇش، ئەمگەك، ھەركەت ۋە دەم ئېلىشنىمۇ ئۆز ۋاختىدا قىلىدۇ. ۋاختنى ھەرگىز زايە قىلمايدۇ. ئويىدىمۇ ئانىسىغا ياردەملىشىشقا، سىڭلىسىگە قاراشقا ۋاخت تاپالايدىغان بولدى.

— ئىلگىرى، — دەيدۇ لوۋسىنىڭ، — ۋاختنى ئىختىسات قىلالمايتتىم، بىكارنىڭ چولىسى يوق بولۇپ ژۈرەتتىم. مەن

سىڭلىمغا ناھايىتى ئامراق. سىڭلىم ژىقىلىپ چۈشسىمۇ ژىغلىماىدۇ، پەقەت «ئاكا، مىنى ھو ـ ئەت!» دىگەندىن باشقىنى بىلمەيدۇ. مەن ئۇنىڭ بۇ سوزلىرىنى بىردىنلا چۈشۈنەلمەيمەن. بىر كۈنى ئۇ«ياما بودى، ماگا زۇكا تەگ.» دەيدۇ. بۇ سوزلەرگە سىلەر چۈشۈنەمسىلە؟ ھەتتا ئۇ ماڭقىسىنىمۇ توغرى ئېيرتالماي «ماقا» دەيدۇ......

— لوۋىنىيىڭ، ـ دىدى مۇئەللىمىمىز جۇئۇنىڭ سوزىنى بولۇپ، ـ سىڭلىڭىزنىڭ توغرى سوزلەش مەسىلىسىنى كىيىن مۇزاكىرىلىشەيلى . سوھبىتىمىزنىمۇ، ماقالىمىزنىمۇ ئىختىسات قىلايلى. سوزنى ژىغىنچاق قىلىپ سوزلە. تاغدىن ـ باغدىن، ياكى خىيالىڭغا نىمە كەلسە شۇنى سوزلەۋەمە.

ئۇنداق بولسا، سوزىمىزنى ھازىرچە شۇيەردە توختىتىمىز.

ھورمەت بىلەن: ئىمزا.»

# ئۇلار ۋە بىزلەر

بىرىنچى ئوتتۇرا ئوترەد پېداگوگىكا بولۇمىدە كونسېرت
بەرگىلى كەتتى. ئۇيەردەشەرەپلىك جەڭچىلەردىن ۋە قۇربان
بولغان ھەربىلەر، ھەربىي خىزمەتچىلەرنىڭ تاۋابىئاتلىرىدىن
ھال سوراش مۇناسىۋىتى بىلەن ئەدەبىيات كېچىسى ئۇيۇشتۇ-
رۇلغان ئىدى.

بىزنىڭ ئىككىنچى ئوتتۇرا ئوترىدىمىزگە چوڭ قىلىپ ئا-
لايتە بىر سان تام گېزىتى چىقىرىشتىن ئىبارەت ئىككىنچى
بىر ۋەزىپە ژۈكلەنگەن ئىدى.

يالڭىشنىمىن تام گېزىتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئىدى.
ئۇ تام گېزىتنى قانداق قىلىپ ياخشى چىقىرىش توغرىسىدا
ئويلانماقتا. تام گېزىتى گرۇپپىسى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى.
گېزىتنى قانداق ياخشى چىقىرىمىز دىسە شۇنداق چىقىرا-
لايتتى. لېكىن ئۇ ئادەتتىكى كۈنلەرنىڭ تام گېزىتى ئىدى.
بۈگۈن ئاخشامدا چىقىرىلىدىغان تام گېزىت ئادەتتىكىگە
ئوخشىمايدۇ. بۈنىڭ ئامدان چىقىرىلىشىغا ئانچە ئىشەنچە يوق
ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەزىلەر:

«بىرىنچى ئوتتۇرا ئوترەد ناغىلار ۋە ئاچىلار بىلەن كو-

رۇشسە، كونسېرت بېرىپ ئۇلارنىڭ ئالقىشىنى ئالسا، بىز بۇ-
يەردە كۆيۈپ-پىشىپ، تام گېزىتتە ئىشلەيدىكەنمىز-دە!
بىز كونسېرت بېرەلمەسمىدۇق؟ بىزنىڭ تام گېزىتى گرۇپپى-
مىزدا غەزەل ئېيتىشتا پۈتۈن مەكتەپ بويىچە بىرىنچى قاتار-
دا تۇرىدىغان لى شياۋچېڭ بارغۇ!......-دەپ غۇدۇڭشۇشى
مۇمكىن ئىدى.

شۇڭا ياڭ شىنمىن كۆپچۈلۈك بىلەن بىردەم سوھبەتلەشتى.
سوھبەتنىڭ نەتىجىسى ناھايىتى ئامدان بولدى. ياڭ شىنمىن
كۆپچۈلۈكنىڭ پىكرىنى يەكۈنلەپ:

«گېزىتنى ھەم ئامدان، ھەم چاپسان ئىشلەيلى، سىر
ساقلاشقىمۇ دىققەت قىلايلى.» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا
قويدى.

تام گېزىتنى بۈگۈن ئاخشام لام-جىم دېمەستىن ئامدان
ئىشلەپ، بۈگۈنلا چىقىرىۋېتىش كېرەك. ئەرتە كۆپچۈلۈك
كۆرۈپ، ئوھو، بۇ گېزىت نەدىن
ئۈنۈپ چىقتى! ھەم چوڭ، ھەم
ئامدان بوپتۇ، كىملەر تۈز-
گەندۇر؟ دەپ ھەيران
قالسۇن.



شۇچاغدا: «كىم
تۈزەتتى! 2-ئوتتۇرا ئوترەد تۈزدى.» دەپ خاتىر-

جەم جاۋاپ قايتۇرغىلى بولۇدۇ.

شۇنىڭ بىلەن كەچقۇرۇنلۇق غىزادىن كىيىن ياڭشىنمىن باشلىق بىر گرۇپپا باللار بىر ـ بىرلەپ مەكتەپكە كېلىپ، ئوترەد ئىشخانىسىدا ئىخلاس بىلەن ئىشقا كىرىشتى.

پۈتۈن مەكتەپ جىمجىت. قالايمىقانلاشتۇرغۇچىلار مۇ بولمىدى. سائەت 8گە يېقىنلاشقاندا، گېزىت پۈتەي دەپ قالدى: لى‌شياۋچىڭ گېزىتنىڭ ئۈلگىسىنى تەييارلاپ قويدى. ياڭشىنمىن ماقالىلارنىڭ ئاخىرقى تەكشۈرۈلۈشىنى تۈگەتتى. ئەمدى ئۈلگىگە قاراپ چاپلانسىلا ئىش تۈگەيدۇ.

دەل شۇ چاغدا بىردىنلا تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. ياڭشىنمىن ئورنىدىن تۇرۇپ بولغىچە، جاۋجالىن ئىككى ـ ئۈچ ئاتلاپ بېرىپلا تېلېفوننى قولىغا ئالدى:

— ئالىو، ئالىو!

تېلېفوندا بىر نەچچە بالىنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى ئاڭلاندى. بۇ تېلېفوننى ئەسلىدە بىرىنچى ئوتتۇرا ئوترەدتىكى بىر نەچچە پىونېرلار پېداگوگىكا بولۇمىدىن بەرگەن ئىدى.

— مۇئەللىم جۇنى تېلېفونغا چاقىرىپ بېرىڭلا......

— مۇئەللىم جۇ مەجلىستىن تېخى قايتىپ كەلمىدى. ـ جاۋجالىن ئۇ تەرەپتىكىلەرنى ئاڭلىيالماي قالمىسۇن دەپ يەنە ۋاقىراپ سوزلىدى، ـ ئالىو! تېـخى قايـتىپ كەلـمىـدى! ئاڭلىدىڭمۇ؟...... نىمە؟ چۈشۈنەلمىدىم!...... بىر سىڭىلا سوز

لسەگلەر بولمامدۇ!...... بر کشنی ۋەکل قلپ سوزنی شۇنگغا بېردگەلە!

— ۋاھ! مەن بلەن سوزلۇشۇش ئۇچۇن ۋەکل سايلاپ سوزلۇشۇگلەردە ۋاتقننی قاراگلا!...... ئالو؟ کمسەن ئوزەڭ؟

— منڭ کەلگم بلەن کارڭ نمە؟......ھە؟...... نمە؟ ئۇنلۇگرەك سوزلە!

— بۇ قانداق ئادەمدۇر؟ — ئۇ تەرەپتە گۇمان پەيدا بولدی. — گاسمۇ سەن، يە؟

جاۋجالننڭ كەيپی ئۇچتی:

— گاس دەپ سلەرنی دەيدۇ!

— ھە، جاۋجالن! جاۋجالن ئكەن!

جاۋجالننڭ يۇزی قۇلاقلرىغىچە قزرپ كەتتی، ئۇ قانداق قلشنی بلمەي تۇراتتی، ياڭشنمن ژۇگۇرۇپ كېلپ:

— مەن سوزلۇشەي. — دەپ تېلېفون ترۇبكسنی قولغا ئالدی. — ئالو!......ھە، نمە؟مەن جاۋجالن ئەمەس......ماگا سوزلسەگلە بولمدمۇ؟ ياق!......نمە؟ جاۋجالن كېرەك؟— ياڭشنمن بر ئاز ئككلنپ قالدی. — ھە، مانا بۇيەردە تۇرۇۋېتۇ.

جاۋجالن قزدل، قارارەگلەر ژۇققان ئوڭ قولنی ئۇزۇتۇپ، ترۇبكنی ئالدی:

— بزنڭ بۇيەردە ئكەنلگمزنی ئۇلارغا ئېيتمۇدرەيمۇ؟

— بۇنداق ئۇششاق- چۈششەك ئىشلارنى ئېيتىپ نېمە قىلىمىز، - دېدى ياڭشىنمىن ئورۇندۇقتا سىڭايان ئولتۇرۇپ ۋە قۇلۇغىنى جاۋجالىننىڭ قولىدىكى تىرۇبكىغا يېقىن تۇتۇپ. - ئۇلارنىڭ زورۇر ئىشى بولسا كېرەك. چىششىغا تەگمەي توغرى جاۋابىڭنى بەر.

ئۇ ياقتىن تىرۇبكىنى باشقا بىرسى قولىغا ئالغان بولسا كېرەك. تىرۇبكىدىن سوز ناھايىتى ئېنىق چىقتى. سوز ھەتتا يانىدا تۇرغان ياڭ شىنمىنغىمۇ ئاڭلاندى. ياڭشىنمىن كوزىنى يوغان ئېچىپ جاۋجالىنغا قارىدى:

— نېمە؟ ئۇلار بىر يۈپكا كېرەك دەۋاتامدا؟

ئۇ تەرەپتە سوزداۋام قىلىۋەگەنلىكتىن جاۋجالىن جاۋاپ بېرىشكە ئۈلگۈرمىدى.



— ئالىو، جاۋجالىن! ئالىو، سەندىن ئوتۇنۇپ سورايمىز، ھەرگىز ئۇنتۇپ قالما: مۇئەللىمىمىزجۇ قايتىپ كېلىپ قالسا، ئېيتىپ قويغىن، ئىلاجى قىلىپ بىزگە بىر يۈپكا تېپىپ بەرسۇن...... ئالىو، جەزمەن تېپىپ بەرسۇن، جۇمۇ!

— چاۋشەن يۈپكىسىما! - ياڭشىنمىن دەرھال شۇنى ئويلىدى - دە، سەۋرسىزلىك بىلەن تىرۇپكىغا يېقىن كېلىپ قو-

شۇپ قويدى.

ئۇنىڭ ئاچىسىنىڭ شۇنداق بىر ئۈزۈن، كوكۇش يۇپكىـسى بار ئىدى. ئۇنى ئاچىسىغا چاۋشەنلىك بىر ئايال دوستى خاتىرە ئۈچۈن بەرگەن ئىدى.

ــ توغرى.ھەئە!ـ ئۇ تەرەپتىن يەنە بىر نەچچىسى تەڭلا چۇغۇرلىدى، ـ ئىلاجى بار پاتراق! ......ئالو! مۇئەللىمىمىز جۇغا ئېيتىپ قويۇڭلا، سائەت 9 دىن قالدۇرمىسۇن.

جاۋجالىن ئىشقا پۇختا بالا ئىدى. ئۇ، ئۇ تەرەپتىكىلەر تېلېفوننى قويۇۋەتمىسۇن دەپ،ئاۋازىنىڭ بېرىچە ۋاقىردى:

ــئالو! ئالو! مۇئەللىمىمىز جۇنىڭ قاچان قايتىپ كېلىشى مەلۇم ئەمەس!......ئۇنداق بولسا، ئىشەش يوققو!

ياڭ شىنمىن بىر ئاز خىيال سۇرۇۋاغاندىن كېيىن:

ــ سوراپ باقسىنا، ئۇلار يۇپكىنى نىمە قىلمىدىكىن؟ـ دېدى.

شۇ چاغدا ترۇپكىدىكى ئاۋازلار قالايمىقانلىشىپ كەتتى. بۇنىڭدىن، ئۇلارنىڭ بىرەر ئىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىۋاتقانلىقى مەلۇم بولۇپ تۇراتتى، بەزەن داپ ـ دۇمباق ئاۋازلىرىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇنىڭغا قارىغاندا ئەدەبىيات كېچىسى تازا قىزىۋاتقاندەك قىلاتتى.

بۇ تەرەپتە ئىككى پىونىر بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلىماقتا.

ـــ ئاللو! جاۋجالىن! ساڭا ئېيتايلى: بىز ناھايىتى ئامدان
بىر نومېر كونسېرت بەرمەكـچىمىز. بۇ نومېرنى كىيىن قوشـ
تۇق...... بۇنىڭغا يۇپكا بولمىسا بولمايدۇ...... قانداق قىلىمىز؟
...... بولۇدۇ، بولۇدۇ...... ناھايىتى مۇھىم نومېر......
ـــ ۋاي ـ ۋوي، مەن تېخى يوغان بىر مەسىلىمىكىن ـ دەپـ
تىمـەنا ! ـ دېدى ياڭشىنمىن يۇزىنى تېلېفون تەرەپتىن ئوـ
رۇپ، ـ نومېر بېرىلىدىغان ئىشكەنغۇ!
جاۋجالىن توختىماي سوراۋەدى:
ـــ قانداق نومېر؟ كىم ئىجرا قىلىدۇ؟
ئۇ تەرەپنىڭ ئاشكارا قىلغۇسى كەلمىدى .
ـــ دىسەم ـ دىمىسەم شۇيخۇا ئىجرا قىلىدۇ. ئىشەنمىسەڭ
كىيىن كورەرسەن! ـ دېدى ياڭشىنمىن ئويلاپ تاپقاندەك.
بىر دانە چاۋشەن يۇپكىسى كېرەك؟ يۇپكا تەييار! ئەگەر
بىزنىڭ 2 ـ ئوتتۇرا ئوترەد ئىجرا قىلىدىغان بولسا ، بىزنىڭ
لى شياۋچىڭ سەھنىگە چىقىدىغان بولسا ، ئۇ چاغدا ھېچ مەـ
سىلە تۇغۇلمايدۇ. لېكىن شۇيخۇا......
شۇيخۇا ئۇلارنىڭ بىرىنچى ئوتتۇرا ئوترىدىنىڭ «سەنـ
ئەتچى»سى. بىرىنچى ئوتتۇرا ئوترەدتىكىلەر ھېمىشە شۇنىڭ
بىلەن پەخىرلىنىپ، «شۇيخۇا غەزەلنى لى شياۋچىڭدىن ئامـ
دان ئېيتىدۇ!» دېيىشىپ ماختىنىشىدۇ!
بۇگۇن ئۇلارنىڭ قانداق نومېر بېرىلىدىغانلىغى مەلۇم ئەـ

مەس. ھازىر قوشماقچى بولغان مۇھىم نومۇرىسىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى مەلۇم ئەمەس. ئەدەبىيات كېچىسىگە قاتناشقان تاغىلار، ئاچىلار شۇنداق كۆپ. ئۇلار قانداقلا نومۇر بەرسۇن، مەيلى ناخشىنى ئامىدان ئېيتالىسۇن ياكى ئېيتالامىسۇن، تاغىلار بىلەن ھەدىلىرىمىزنىڭ قىزغىن چاۋاك چېلىشى، ماختىشى، «پروسىم» قىلىشى تەبىي. بەزىلەرنىڭ: «بىرىنچى ئوتتۇرا ئوترەد ناھايىتى ئامىدان ئويىنىدى. ھەر ھالدا ياخشى ئىكەن» دېيىشى مۇمكىن.



بىزنىڭ 2 - ئوتتۇرا ئوترەدچۇ؟ 2 - ئوتتۇرا ئوترەدنىڭ قانداق قابىلىيىتى بارلىغىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. تام گېزىتىنى كۆتۈرۈپ كوچىمۇ - كوچا ئايلاندۇرۇپ، توپ - توغرى ئەدەبىيات كېچىسى ئۆتكۈزۈلىۋاتقان مەيدانغا ئېلىپ بارمىغىچە......

ياڭشىنىڭ خىيال سۈرۈپ شۇيەرگە كەلگەندە، كالپۇكىنى چىشلىۋالدى.

بوپتۇ، قېنى كۆرىمىز، ئۇ بىرىنچى ئوتتۇرا ئوترەد «ئامىدان نومۇرى»نى نېمە بىلەن ئوينايدىكەن! ئۇلارنىڭ يۈپكىسى يوق.

— چىراقلارنى ئۆچۈرۈڭلار. — دەپ، چاۋچالىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

لېكىن ئۇ تەرەپتە تېلېفون تروُپكىسى ئاللىقاچان ئۆز جايىغا قويۇلغان ئىدى.

ياڭشىنمىن ئوترەد ئىشخانىسىغا قايتىپ كىرگەن چاغدا ھەممۇيلەن جاۋجالىننى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، مۇزاكىرە باشلاپ كەتكەن ئىدى.

— مەن چارىسىنى تاپتىم! — دېدى لىشياۋچېڭ بىردىنلا ۋاقىراپ.

— نىمە؟ — دېدى ياڭشىنمىن چۆچۈگان ھالدا.

ئۆي ئىچىدە بىردەم جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

— مەن يۇپكا تاپالايمەن! — دېدى لىشياۋچېڭ كۆزلىرىنى پاقىرىتىپ، — ھازىر ماڭا بىر سائەتلىك رۇخسەت بېرىڭلار. ھازىرلا تېپىپ كېلىمەن!

ياڭشىنمىن سەكرەپ تۇرۇپلا ئۇنى تۇتۇۋالدى:

— نەدىن تاپىسەن؟ ئۇلارغا ئادەتتىكى يۇپكا كېرەك ئەمەس ئىكەن. ئۇلارغا......

— بىلىمەن، بىلىمەن! ئۇلارغا چاۋشەن يۇپكىسى كېرەك!

— كىمدە چاۋشەن يۇپكىسى بار ئىكەن؟ — ياڭشىنمىن كۆزىنى يوغان ئاچتى.

— لىشياۋچېڭ دەرھال سۆز باشلىدى:

— خان ئانامنىڭكىدىن تېپىپ كېلىمەن......ھە، ياق! خان ئانامنىڭ ئىدارىسىدىكى......

ئۇ ئالدىرىغانسىرى سوزنىي ئېنىق ئۇختۇرالمىدى.

ھەقىقەتتە، مەسىلە روشەن ئىدى: خان ئانىسىنىڭ ئىدارىسىدا بىر ساقلىقنى ساخلىغۇچى خىزمەتچى بار ئىدى. ئۇچىڭ ئاچا ئىدى. جىڭ ئاچىنىڭ لىۇئاچا دىگەن ناھايىتى ئامدان بىر كونا ساۋاقدىشى بار ئىدى. لىۇ ئاچىنىڭ سىڭلىسى ئۇ سۇل مەكتىۋىدە ئوقۇۋاتقان كىچىك لىۇ ئاچا ئىدى. لى شياۋ چىڭ ئەنە شۇ كىچىك لىۇئاچىدا شۇنداق بىر يۇپكا كورگەن ئىدى.

— تېخىچە چۇشەنمىدىڭلەما؟ - دىدى لى شياۋچىڭ.

— سىنىڭ خان ئاناڭنىڭ ئويى ژىراققۇ! - دىدى بىراۋ.

توغرى. ئاۋتوموبىل بىلەن ماڭغاندا 15 مىنۇت ۋاخت كېتەتتى. ئاۋتوموبىلدىن چۇشكەندىن كىيىنمۇ ئىككى چاقىرىم يول مېڭىشقا توغرى كېلەتتى.

— لېكىن ئۇيەر پىداگوگىكا بولۇمىگە يېقىن - دەپ ئىزاھلىدى لى شياۋچىڭ، - يۇپكىنى ئېلىپلا توپ - توغرى شۇيەرگە ئاپىرىمەن. ئىلدام ماڭىمەن. كېچىكتۇرمەيمەن.

— ئاخشامدا يالغۇز ماڭساڭ......

— مەن ھەمرا بولاي! - دىدى جاۋجالىن ۋە دەرھال ئەسكى قەغەز سىۋىتىدىن بىر تۇتام قەغەزنى ئېلىپ قولىدىكى كىرلەرنى سۇرتتى. - ماڭىمۇ بىر سائەتلىك رۇخسەت بېرىڭلە!



ياڭشىنمىن:
— ئەۋارە بولما! — دەپ لى شياۋچىڭنى توسۇۋالدى، — ئەۋارە بولغانغا يارىشا، ئىشەنچىڭ بارمۇ؟

— ئەمسە قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇلار ھازىرلا كونسېرت
بېرىدىغان تۇرسا......
— ياﺋاللا، نىمە ئانچە كايىسەن! كونسېرتنى كىم بېرىدۇ،
ئۇلار بېرەمدۇ ياكى بىز بېرىمىزمۇ؟
— ئۇلار، بىزلەر دېگىنىڭ نىمەڭ؟ — لى شياۋچىڭ ھەيران
بولدى، — ھەممىمىز ئۆز تاغىلىرىمىز بىلەن ئۆز ئاچىلىرىمىزغا
كونسېرت بېرىمىزغۇ! ئامدان ئويناپ بەرسەك، ھەممىسى ئوتــ
رىدىمىز ئۇچۇن شەرەپ بولمامدۇ؟ جاۋجالىن، ژۇر!
ساۋاقداشلار ۋاڭ-چۇڭ كوتەردى:
— توغرى! توغرى سوزلىدىڭ. ئىلدام بېرىڭلا!......ھە،
ئىپتىماقچى، ئاۋتوموبىل بىلېتىگە پۇلۇڭلار بارمۇ؟
— بار! — دەپ، ئىككويلەن ژۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.
تېگىرقاپ تۇرۇپ قالغان ياڭشىنمىن خۇددى چۇچۇپ

ئويغانغاندەكلا:

— ياپىر، خاتالاشقانلى تاس قاپتىمەن! — دىدى — دە، بۇسۇغىدىن بىر تاخلاپلا چىقىپ، ئۇچقاندەك ژۇگۇرۇپ، دەرۋازىغا بارغاندا ھېلىقى ئىككۇيلەنگە يىتىشىپ، ئۇلارنى بىلگىدىن تۇتۇۋالدى:

— بولدى، سىلەر باماگلا! مەن باراي!

— مەن باراي؟ سەن تونۇشمىساڭ قانداق بولدى؟

— ياق، ياق! — ياڭشىنمىن ھاياجانلانغانلىقىدىن ژىغلىۋەتكىلى تاس قالدى، — ژىراقتا بىرىشنىڭ ھاجىتى يوق...... بىزنىڭ ئويدە بار......مەن ئۇلارغا يوپكا تىپىپ بەرمەيلى دىگەن نىيەتكە كەلگەن ئىدىم ...... خاتالىشىپتىمەن ......

لى شياۋچىڭ بىلەن جاۋجالىن ياڭشىنمىننىڭ دۇدۇقلاپ قىلغان سوزلىرىدىن ۋەقەنىڭ نىمە ئىكەنلىگىنى، ياڭشىنمىننىڭ ئويدە بىر دانە ھەقىقى چاۋشەن يوپكىسى بارلىغىنى چۈشەندى.

ئۇلار مەسىلىنى شۇنداق ھەل قىلىشنى قارار قىلدى. ياڭشىنمىن ئويىگە بېرىپ يوپكىنى ئالغاندىن كىيىن، توپ-توغرى پىداگوگىكا بولۇمىدىكى ئەدەبىيات كېچىسى مەيدانىغا ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن جاۋجالىننى ئىۋەتتى. بۇ مەسلىھەتنى جاۋجالىن ئوزى بەرگەن ئىدى:

— ئوزەم يالغۇز ئاپىرىپ بېرەي ترامۋايدىن چۈشكەندىلا پېداگوگىكا بولۇمىنىڭ دەرۋازىسى. ھېچگەپ يوق. سىلەر ئىشىڭلارغا قايتىڭلار.

ياڭ شىنمىن جاۋجالىننى ترامۋايغا چىقىرىپ قويۇپ، مەكتەپكە قايتىپ كەلدى. 20 مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن جاۋجالىندىن تېلېفون كەلدى:



— ئالو، ياڭ شىنمىنما؟......

ئالو......يۈرىكىنى ئاپىرىپ بەردىم. بىرىنچى ئوتتۇرا ئوترەدتىكى يولداشلار خۇشاللىقىدىن قىن-قىنىغا پاتماي كەتتى. ھەممىسى ساڭا مىننەتدارلىق بىلدۈردى. سىنى تەقدىرلەش پىكرىدىگە كېلىشتى.

— نىمە؟ — ياڭ شىنمىننىڭ يۈزى دەرھال قىزاردى، — ئالو، ئۇلارغا ئېيتمىدىڭمۇ؟ ھېلىقى...... ھېلىقى ئىشنى ئېيتمىدىڭمۇ؟

— قايسى ئىشنى؟

— ھېلىقى، ھېلىقىچۇ! ھېلىقى ۋەقەنىڭ ھەممىسىنى ئېيتتىڭمۇ؟

— تولۇق ئېيتمىدىم، ئۇنى ئېيتىشقا ئۇلگۇرالمىدىم......

— ھەي، قارا، سىنى! ـ ياڭشىنىمىن تىنچسىزلىنىپ قالدى. ـ ئالىو، ئوتكەن ۋەقەنى تولۇغى بىلەن ئۇلارغا سوزلەپ بەر. تەقدىر لىشاۋچېڭغا تېگىشلىك. ئۇلار چۇشەنمەي قالمىسۇن!

كىتاپ نومېرى 124(4)574

# لوۋسىنىڭ ھەققىدە ھىكايە

ئاۋتورى: جاڭ تيەنيى، رەسسىم ليۇيشەن

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

ئادرېس: بېيجىڭ گوزىجەن 54 ـ قورا.

بېيجىڭ شەھەرلىك ئەخبارات ۋە نەشرىيات باشقارمىسىنىڭ

كىتاپ ـ ژۇرنال نەشرىياتچىلىغى ئۈچۈن بەرگەن رۇخسەت

قەغىزى نومېرى: «Щ – 047»

مەركىزىي مىللەتلەر مەتبەئەسىدە بېسىلدى.

شىنخۇا كىتاپ ماگازىنى تەرىپىدىن تارقىتىلدى.

1956 ـ ژىلى ماي بېيجىڭدە بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىندى.

1956 ـ ژىلى ماي بېيجىڭدە بىرىنچى قېتىم بېسىلدى.

تىراژى 1 ـ 18000، باھاسى 9 فۇڭ

書號:574(4)124

# 羅文應的故事

(維吾尔文)

張天翼著

劉易宴挿畫

民族出版社翻譯出版

地址:北京國子監特54號

北京市書刊出版業營業許可證出字第047號

中央民族印刷廠印刷

新華書店發行

---

1956年5月北京第一版

1956年5月北京第一次印刷

787耗×1092耗1/32　印張$1\frac{5}{8}$

印數:1—18,000冊　定價:九分

統一書號:MR10049·維23